# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىن ئاچتى

(بېشى 1 - بەتتە)

باشقا جايلاردىن كېلىپ خۇبېيدا تۇرۇپ قالغان خادىملارنى قايتۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى تەرتىپلىك ياخشى ئىشلىشى كېرەك. بېيجىڭ قاتارلىق باشقا ئۇقتىلىق رايونلاردا ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى داۋاملىق كۈچەيتىش كېرەك. خەۋپ - خەتەر تۆۋەن رايونلاردا ۋاقتىدا بايقاش، تېز سۈرئەتتە بىر تەرەپ قىلىش، دەل جايىدا باشقۇرۇش - تىزگىنلەش، ئۈنۈملۈك قۇتقۇزۇش - داۋالاشتەك دائىملاشقان ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بالدۇر بايقاش، بالدۇر دوكلات قىلىش، بالدۇر ئايرىۋېتىش، بالدۇر داۋالاش تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇناسىۋەتلىك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش دەسلەپكى لايىھەلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ھەم ۋاقتىدا يولغا قويۇپ، يۇقۇمنىڭ قايتىلىنىشىنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: چېگرا سىرتىدىكى دۆلىتىمىز پۇقرالىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش، كۆيۈنۈشنى كۈچەيتىش، چەت ئەلدىكى ئەلچىخانا، كونسۇلخانىلار كونسۇل جەھەتتىن قوغداش، مۇداپىئەگە يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ماددىي ئەشيا كاپالىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئۇلارنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قوغدىشى كېرەك. يەرشارىۋى يۇقۇم يۈزلىنىشىنى يېقىندىن ئىز قوغلاپ كۆزىتىپ ۋە ئۇنى تەھلىل قىلىپ، خەۋپ - خەتەر مەنبەسى ۋە خەۋپ - خەتەر نۇقتىسىنى تېز، دەل جايىدا پەرقلەندۈرۈش ۋە باشقۇرۇش - تىزگىنلەش، پورتلاردىكى سەھىيە كارانتىنىنى كۈچەيتىپ، چېگرادىن كىرىش تەرتىپىنى ئەلالاشتۇرۇپ، چېگرادىن كىرگەن كىشىلەرنى مەركەزلىك ئايرىۋېتىش تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تۇرمۇش مۇلازىمىتى ۋە ساغلاملىقنى كۆزىتىپ ئۆلچەشنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خەلقئارا ھەمكارلىقنى ئالغا سىلجىتىپ، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى بىلەن بولغان ئالاقە، ھەمكارلىقنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئالاقىدار دۆلەتلەرگە داۋاملىق كۈچىنىڭ يېتىشىچە ياردەم بېرىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش دائىملاشقان شارائىتتا ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنى تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار ئىشەنچنى چىڭىتىپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئىلگىرىلەپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىپ، ماكرولۇق سىياسەت ئارقىلىق تاقابىل تۇرۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئىچكى ئېھتىياجنى ئۈنۈملۈك كېڭەيتىپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشى ئىشلەپ، ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىر - كۆرسەتمىلىرىنى ھەربىر ھالقىدا ئەلالاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يۇقۇم كەلتۈرۈپ چىقارغان زىياننى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈشنى كۈچەپ قولغا كەلتۈرۈپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى نىشان - ۋەزىپىلەرنى تىرىشىپ ئورۇنداپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ماكرولۇق سىياسەتنى تەڭشەش ۋە يولغا قويۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. پائال تاقابىل تۇرىدىغان بىر يۈرۈش ماكرولۇق سىياسەت - تەدبىرلەرنى تەتقىق قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇشنى چىڭ تۇتۇپ، ئاكتىپ مالىيە سىياسىتىنى تېخىمۇ ئاكتىپ، نەتىجىلىك قىلىپ، مۇقىم، ساغلام پۇل سىياسىتىنى تېخىمۇ جانلىق، مۇۋاپىق قىلىپ، مالىيە قىزىل رەقىمى نىسبىتىنى مۇۋاپىق ئۆستۈرۈپ، ئالاھىدە زايوم تارقىتىپ، يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ مەخسۇس تۈردىكى زايوم كۆلىمىنى ئاشۇرۇپ، قەرز پۇل بازىرى ئۆسۈم نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىشكە يېتەكلەپ، يۈرۈشۈشچانلىقنىڭ مۇۋاپىق، يېتەرلىك بولۇشىنى ساقلاش كېرەك. تۈرلۈك باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش سىياسەتلىرىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ مەخسۇس تۈر زايومى تارقىتىشى ۋە ئىشلىتىشىنى تېزلىتىپ، نۇقتىلىق تۈرلەرنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق تەييارلىقى ۋە قۇرۇلۇش خىزمىتىنى جىددىي ياخشى ئىشلەش كېرەك. تەكرار قەرز پۇل، تەكرار دىسكونت، قەرز پۇل دىرنى قايتۇرۇش، ئۆسۈمنى تۆلەشنى كېچىكتۈرۈش قاتارلىق پۇل مۇئامىلە سىياسەتلىرىنىڭ يېتەكچىلىك، تۈرتكىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يەتكۈزۈش مېخانىزمىنى راۋانلاشتۇرۇپ، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش قىيىن بولۇش، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش قىممەت بولۇشنى ھەل قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ئەمەلىي ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى دەل جايىدا پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك. يەرلىك ۋە كارخانىلار ئىنكاس قىلغان قىيىن نۇقتا، توسقۇن نۇقتا مەسىلىلىرىگە قارىتا، رەتكە سېلىش، تەھلىل قىلىشنى چىڭ تۇتۇپ، ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، كەسىپ زەنجىرىنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، مەھسۇلات كۆزلىمە نىشانىغا يېتىش بىلەن ماسلىشىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: دۆلەت ئىچى بازىرى ئېھتىياجىنى قوزغىۋېتىشنى تېزلىتىپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرى جايىدا ئەمەلىيلىشىش ئالدىنقى شەرتتە، تۈرلۈك سودا سارايى، بازارلارنىڭ ئىشنى، بازارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى، تۇرمۇش مۇلازىمەت كەسىپلىرىنىڭ نورمال تىجارەت قىلىشىغا تەرتىپلىك تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئائىلىلەر ئىستېمالىنى كېڭەيتىپ، ئاممىۋى ئىستېمالنى مۇۋاپىق ئاشۇرۇپ، ئەمەلىي دۇكان ئىستېمالىنى قوزغىتىپ، توردا يېڭىچە ئىستېمال قىزغىنلىقىنىڭ پەسەيمەسلىكىنى ساقلاش كېرەك. خەلقئارا سودا ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، خەلقئارا ئەشيا ئوبوروتى تەمىنات زەنجىرى سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، خەلقئارا مال تىرانسپورتىنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە مۇھىم قوشۇمچە يېمەكلىكلەر تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىش، باھانى مۇقىملاشتۇرۇشنى ياخشى تۇتۇپ، ئەتىيازلىق پەرۋىش، ئەتىيازلىق تېرىلغۇنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى تەشكىللەپ، دېھقانچىلىققا ياردەم بېرىش سىياسەت - تەدبىرلىرىنى ئېتىز - ئېرىق بېشىغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تېزلىتىپ، زىرائەتلەردىكى كېسەللىك، ھاشارات زەيىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە مېتېئورولوگىيە ئاپىتىدىن مۇداپىئەلىنىشنى كۈچەيتىش كېرەك. تىرىك چوشقا ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇپ، چارۋا، سۇ مەھسۇلاتلىرى باقمىچىلىقىدا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارنى ياخشى ھەل قىلىش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تۈرلىرىدە ئىش باشلاش، ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش سۈرئىتىنى ئاشۇرۇپ، نامرات ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ تېزدىن ئىش ئورنىغا قايتىشى، ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بېرىپ، يۇقۇم سەۋەبلىك قايتا نامراتلىشىپ كەتكەن، نامراتلىشىپ كەتكەن خادىملارغا قارىتا ياردەم بېرىش، يۆلەش تەدبىرلىرىنى ۋاقتىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ياخشى ئىشلەش ئالدىنقى شەرتتە، خۇبېينىڭ تەرتىپلىك ھالدا ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قوللاش كېرەك. خۇبېينىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى قوللاشنى كۈچەيتىپ، مەخسۇس قوللاش سىياسىتى تۈزۈش، خۇبېينىڭ مالىيە، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش، تەمىنات زەنجىرى قاتارلىق ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىپ، خۇبېينىڭ كارخانىلارغا ياردەم بېرىش، ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىنى قوللاش كېرەك.

يىغىندا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجە - ئۈنۈمىنى باھالاش ۋە مەخسۇس كۆزىتىش بويىچە «قايتا قاراپ چىقىش» خىزمىتى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. يىغىندا مۇنداق قارالدى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، 2019 - يىلى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە يىللىق نامراتلىقنى ئازايتىش ۋەزىپىسى ئومۇميۈزلۈك تاماملىنىپ، ئۆلكە دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چىڭىتىلىپ، ئېغىر نامرات رايونلارنىڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجە - ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»تىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەر ئومۇميۈزلۈك ھەل قىلىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدىكى تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرى توغرا، دەل جايىدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش تەدبىرلىرى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ سىياسىي ئەۋزەللىكىنى تولۇق نامايان قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجە - ئۈنۈمىنى باھالاش ۋە مەخسۇس كۆزىتىش بويىچە «قايتا قاراپ چىقىش» ئەھۋالىدىن قارىغاندا، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا دۇچ كەلگەن ۋەزىپىلەر يەنىلا مۇشكۈل، مۈرەككەپ، قالغانلارنىڭ ھەممىسى يېڭىش ئەڭ قىيىن بولغان «قاتتىق قىيىنچىلىق» بولۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش ۋەزىپىسى ئىنتايىن ئېغىر، قىسمەن جايلاردا، بەزى تەرەپلەردە يەنە ئاجىز ھالقىلار ۋە خىزمەتتىكى يېتەرسىزلىكلەر بار، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يېڭى قىيىنچىلىق ۋە خىرىس ئېلىپ كەلدى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ئومۇميۈزلۈك غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تېخىمۇ جاپاغا چىداپ تىرىشىشقا توغرا كېلىدۇ. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، بۇرچ تۇيغۇسى، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، ئىرادىنى، چىدامچانلىقنى ساقلاپ، بوشاڭلىق قىلىش، ئۇرۇشتىن بىزار بولۇش ئىدىيەسىدىن ساقلىنىپ، ئۇدا جەڭ قىلىشتەك ئېسىل ئىستىلنى جارى قىلدۇرۇپ، نىشان - ئۆلچەمدە چىڭ تۇرۇپ، دەل جايىدا بولۇش تەدبىرىدە چىڭ تۇرۇپ، قاتتىق، ئەمەلىي بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش سىياسىتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك مۇقىم بولۇشىنى ساقلاپ، سېلىنما سالمىقى، خىزمەت سالمىقى، ياردەم بېرىش - يۆلەش سالمىقىنى داۋاملىق ئاشۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھالدا يېتەرسىزلىكلەرنى تەكشۈرۈپ، يوچۇقلارنى تولۇقلاپ، كەمتۈكلۈكلەر ۋە ئاجىز تۈرلەرنى تولۇقلاشنى تېزلىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىپ، قەرەلىدە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش تەنتۇر ساناق باسقۇچىغا كىردى، جەزمەن سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، قىيىنغا تېگىش قىلىپ، خىزمەتلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى قاتتىق تۇتۇش كېرەك. سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تۈزىتىشتىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىش كېرەك، پارتىيە كومىتېتى (پارتىيە گۇرۇپپىسى) رەھبەرلىك بەنزىلىرى، بولۇپمۇ شۇجىلار يۇقىرى تۆۋەنگە باشلامچىلىق قىلىپ ئۆزى تۇتۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجە - ئۈنۈمىنى باھالاشتا بايقالغان مەسىلىلەر ۋە مەخسۇس كۆزىتىش بويىچە «قايتا قاراپ چىقىش»تا كۆرسىتىلگەن مەسىلىلەر، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنۇتماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىدە تەكشۈرۈپ - كۆزىتىپ چىقىلغان مەسىلىلەر قاتارلىقلارنى بىرتۇتاش تۇتۇپ، مەسىلىنى تۈزىتىشنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش كۈندىلىك خىزمىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تۈزىتىشنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. كۈندىلىك نازارەتچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، شەكلۋازلىق، بيۇروكراتلىق مەسىلىلىرىنى تۈزىتىشنى چىڭ كۆزلەپ قويۇۋەتمەي، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئالماسلىق، قىلىدىغاننى قىلماسلىق، قالايمىقان ئىش قىلىش، سان - سېپىردا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋە ساختا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش تەلىپىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈش كېرەك. تەشكىلىي كاپالەتنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى تۇتۇپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، نامرات رايونلاردىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ رولىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ بىرىنچى سېپىدە كادىرلارنى تەكشۈرۈش، پەرقلەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. نەتىجىلەرنى ئۇنىۋېرسال تەتبىقلاشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، بىرنى بىلىش ئارقىلىق باشقىلارنىمۇ بىلىپ خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈپ، باھالاش، كۆزىتىشتە بايقالغان ئورتاقلىققا ئىگە مەسىلىلەرگە بىرلەشتۈرۈپ، خىزمەت مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خىزمەت بىرىكمە كۈچىنى ئاشۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسى، «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان بىلەن جىپسىلاشتۇرۇشنى تەتقىق قىلىپ ياخشى ئىشلەش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

(بېشى 1 - بەتتە)

جۇملىدىن بىرىنچى ۋاقىتتا ۋىرۇس گېن تەرتىپى قاتارلىق ئۇچۇرلارنى ئېلان قىلىپ، قىلچە ئايانماي ھەرقايسى تەرەپلەر بىلەن ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە داۋالاش تەجرىبىلىرىدىن تەڭ بەھرىمەن بولدى ھەم كۈچىنىڭ بارىچە ئېھتىياجلىق بولغان دۆلەتلەرگە مەدەت ۋە ياردەم بەردى. بىز داۋاملىق مۇشۇنداق قىلىپ، خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن بىرلىكتە بۇ مەيدان يۇقۇمدا غەلىبە قىلىمىز.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: تارقىلىشچان كېسەل دۆلەت چېگراسى ۋە ئىرق ئايرىمايدۇ، ئۇ، ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق دۈشمىنى. خەلقئارا جەمئىيەت پەقەت ئورتاق تاقابىل تۇرغاندىلا، ئاندىن جەڭدە غەلىبە قىلالايدۇ. ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، تۈنۈگۈن ئۆتكۈزۈلگەن 20 دۆلەت گۇرۇھى رەھبەرلىرى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىغا تاقابىل تۇرۇش ئالاھىدە باشلىقلار يىغىنىدا ئاز بولمىغان ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىنىپ، ئىجابىي نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ماسلىشىش ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ئالاھىدە باشلىقلار يىغىنىنىڭ نەتىجىلىرىنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش خەلقئارا ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش، يەر شارىۋى ئىقتىسادنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. جۇڭگو تەرەپ ئامېرىكا تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقايسى تەرەپلەر بىلەن بىرلىكتە، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى داۋاملىق قوللاپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئۇچۇرلىرى ۋە تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىشنى كۈچەيتىپ، پەن تەتقىقات ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ھەمكارلىقىنى تېزلىتىپ، يەر شارىۋى سەھىيە ئىدارە قىلىشنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشنى؛ ماكرولۇق ئىقتىساد سىياسىتىنى ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، بازارنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئېشىشقا كاپالەتلىك قىلىپ، خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، يەر شارىۋى تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ ئوچۇق، مۇقىم، بىخەتەر بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ سوئالغا جاۋابەن جۇڭگو تەرەپنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىنى ياخشى قىلىشتا قوللانغان تەدبىرلىرىنى تەپسىلىي تونۇشتۇردى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: مەن ئامېرىكىدىكى يۇقۇمنىڭ تەرەققىياتىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىمەن ۋە ئۇنىڭدىن ئەنسىرەيمەن، زۇڭتۇڭ ئەپەندىنىڭ بىر قاتار سىياسەت - تەدبىرلەرنى قوللىنىۋاتقانلىقىغىمۇ دىققەت قىلدىم. جۇڭگو خەلقى ئامېرىكىنىڭ يۇقۇمنىڭ يامراش ۋەزىيىتىنى بالدۇرراق كونترول قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئامېرىكا خەلقىگە ئېلىپ كەلگەن زىيىنىنى ئازايتىشنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىدۇ. جۇڭگو تەرەپ خەلقئارا ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ھەمكارلىقىنى قانات يايدۇرۇشقا ئىزچىل ئاكتىپ پوزىتسىيە تۇتۇپ كەلدى. ھازىرقى ئەھۋالدا، جۇڭگو - ئامېرىكا ئىتتىپاقلىشىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشى كېرەك. جۇڭگو - ئامېرىكا ئىككى دۆلەتنىڭ سەھىيە تارماقلىرى ۋە ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مۇتەخەسسىسلىرى خەلقئارا يۇقۇم ۋەزىيىتى، جۇڭگو - ئامېرىكا ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ھەمكارلىقى توغرىسىدا ئىزچىل ئالاقىنى ساقلاپ كەلدى، جۇڭگو تەرەپ قىلچە ئايانماي ئامېرىكا تەرەپ بىلەن ئۇچۇر ۋە تەجرىبىلەردىن داۋاملىق تەڭ بەھرىلىنىشنى خالايدۇ. جۇڭگودىكى بىر قىسىم ئۆلكە، شەھەرلەر ۋە كارخانىلار بەس - بەستە ئامېرىكا تەرەپنى داۋالاش ئەشيالىرى ياردىمى بىلەن تەمىنلەۋاتىدۇ. جۇڭگو تەرەپ ئامېرىكا تەرەپنىڭ ھازىرقى قىيىن ئەھۋالىنى چۈشىنىدۇ، قۇربىنىڭ يېتىشىچە قوللاشنى خالايدۇ. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: نۆۋەتتە ئامېرىكىدا يەنىلا جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن جۇڭگو پۇقراسى بار. جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئامېرىكا تەرەپنىڭ ھەقىقىي ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قوغدىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھازىر جۇڭگو - ئامېرىكا مۇناسىۋىتى بىر مۇھىم ئۆتكەلدە تۇرۇۋاتىدۇ. جۇڭگو بىلەن ئامېرىكىنىڭ ھەمكارلىشىشى ئىككىلا تەرەپكە پايدىلىق، ئېلىشىشى ئىككىلا تەرەپكە زىيانلىق، ھەمكارلىق بىردىنبىر توغرا تاللاش. ئامېرىكا تەرەپنىڭ جۇڭگو - ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش جەھەتتە ماھىيەتلىك ھەرىكەت قوللىنىپ، ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق تىرىشىپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، توقۇنۇشماسلىق، قارشىلاشماسلىق، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىش مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

ترامپ مۇنداق بىلدۈردى: مەن رەئىس ئەپەندىنىڭ تۈنۈگۈن كەچتە 20 دۆلەت گۇرۇھى ئالاھىدە باشلىقلار يىغىنىدا قىلغان سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلىدىم، مەن ۋە ھەرقايسى دۆلەت رەھبەرلىرى ھەممىمىز سىز ئوتتۇرىغا قويغان كۆز قاراش ۋە تەشەببۇسنى ئالقىشلايمىز.

ترامپ شى جىنپىڭدىن جۇڭگو تەرەپنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى تەپسىلىي سوراپ، مۇنداق بىلدۈردى: ئامېرىكا - جۇڭگو ئىككى دۆلەتنىڭ ھەممىسى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى خىرىسىغا دۇچ كېلىۋاتىدۇ، مەن جۇڭگو تەرەپنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش جەھەتتە پائال ئىلگىرىلەشكە ئېرىشكەنلىكىنى كۆرۈپ خۇشال بولدۇم. جۇڭگو تەرەپنىڭ تەجرىبىسى ماڭا ناھايىتى زور ئىلھام بولدى. مەن ئۆزۈم سۈرۈشتۈرۈپ، ئامېرىكا - جۇڭگو ئىككى دۆلەتنىڭ كاشىلىنى تۈگىتىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، زېھنىمنى مەركەزلەشتۈرۈپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرىمەن. جۇڭگو تەرەپنىڭ ئامېرىكا تەرەپنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنى داۋالاش ئەشيالىرى بىلەن تەمىنلىگەنلىكىگە ھەم ئىككى دۆلەتنىڭ داۋالاش سەھىيە ساھەسىدىكى ئالماشتۇرۇش، جۇملىدىن يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتىكى ئۈنۈملۈك دورىلارنى تەتقىق قىلىپ ياساش جەھەتتىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتكەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىمەن. مەن ئىجتىمائىي ئالاقە تاراتقۇلىرىدا ئامېرىكا خەلقىنىڭ جۇڭگو خەلقىنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيدىغانلىقىنى ۋە ياقتۇرىدىغانلىقىنى ئاشكارا بىلدۈردۈم، ئامېرىكىدا ئوقۇۋاتقان جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار ئامېرىكىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم، ئامېرىكا تەرەپ جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۇڭگو پۇقرالىرىنى ياخشى قوغدايدۇ.

ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەردە ئالاقىنى ساقلاشقا قوشۇلدى.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى كەچتە سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھى سالمان بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، تۈنۈگۈن بىز 20 دۆلەت گۇرۇھى رەھبەرلىرىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىغا تاقابىل تۇرۇش ئالاھىدە باشلىقلار يىغىنىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزدۇق، ھەرقايسى تەرەپلەر يۇقۇمغا ئىتتىپاقلىشىپ تاقابىل تۇرۇش، دۇنيا ئىقتىسادىنى مۇقىملاشتۇرۇش توغرىسىدا مۇھىم ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىپ، خەلقئارا جەمئىيەتكە ئىجابىي سىگنال بەردۇق. جۇڭگو تەرەپ سەئۇدى ئەرەبىستان تەرەپنىڭ بۇ يىلقى 20 دۆلەت گۇرۇھىنىڭ رەئىس دۆلىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىگەنلىكىنى تەرىپلەيدۇ. ۋىرۇسنىڭ دۆلەت چېگراسى يوق، پەقەت خەلقئارا جەمئىيەت ھەمكارلىشىپ تاقابىل تۇرغاندىلا، ئاندىن جەڭدە غەلىبە قىلغىلى بولىدۇ. 20 دۆلەت گۇرۇھىغا ئەزا دۆلەتلەر ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسىنى چىڭ ئىگىلەپ، ئىتتىپاقلىق، ماسلىشىش، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، يۇقۇمنىڭ يامرىشىنى قەتئىي توسۇپ، دۇنيا ئىقتىسادىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن مۇقىملاشتۇرۇشى كېرەك. جۇڭگو تەرەپ سەئۇدى ئەرەبىستان تەرەپ بىلەن قويۇق ئالاقىنى ساقلاپ، 20 دۆلەت گۇرۇھىنىڭ ھەمكارلىق ۋەزىيىتىنى ساقلاش ۋە كۈچەيتىشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگودا يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈز بەرگەندىن كېيىن، سىز بىرىنچى ۋاقىتتا ماڭا ھال سورايدىغانلىقىڭىزنى ۋە قوللايدىغانلىقىڭىزنى بىلدۈردىڭىز، سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكۈمىتى ۋە ھەرقايسى ساھەلىرى بەس - بەستە ياردەم قولىنى سۇنۇپ، جۇڭگو تەرەپكە كۆپ تۈركۈمدە ماددىي ئەشيا ياردەم قىلدى، جۇڭگو تەرەپ بۇنى ئېسىدە چىڭ ساقلايدۇ. جۇڭخۇا مىللىتى مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشنى بىلىدىغان، ياخشىلىققا ياخشىلىق قايتۇرىدىغان مىللەت. ھازىر، سەئۇدى ئەرەبىستانمۇ يۇقۇمنىڭ كەسكىن خىرىسىغا دۇچ كەلدى. جۇڭگو تەرەپ سەئۇدى ئەرەبىستان تەرەپنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنى قەتئىي قوللايدۇ، قۇربىنىڭ يېتىشىچە ياردەم بېرىپ، سەئۇدى ئەرەبىستان تەرەپ بىلەن ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەجرىبىلىرىدىن تەڭ بەھرىلىنىپ، سەئۇدى ئەرەبىستان تەرەپنىڭ داۋالاش ئەشيالىرى سېتىۋېلىشىغا ياردەم بېرىپ ۋە قولايلىق يارىتىپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى ياخشى قوغداپ، پۈتۈن يەر شارى ۋە رايونلارنىڭ ئاممىۋى سەھىيە بىخەتەرلىكىنى ئورتاق قوغداشنى خالايدۇ. جۇڭگو تەرەپ سەئۇدى ئەرەبىستان تەرەپ بىلەن قول تۇتۇشۇپ تىرىشىپ، سىياسىي جەھەتتىكى ئۆزئارا ئىشەنچنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئەمەلىي ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، جۇڭگو - سەئۇدى ئەرەبىستان ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى يەنە يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

سالمان مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جۇڭگو ھۆكۈمىتى كەسكىن، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تىزگىنلىدى، مەن بۇنى يۈكسەك تەرىپلەيمەن ھەم چىن كۆڭلۈمدىن تەبرىكلەيمەن. جۇڭگونىڭ مۇۋەپپەقىيىتى پۈتۈن دۇنياغا ئاكتىپ سىگنال بەردى. مېنىڭ جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقىگە قەتئىي ئىشەنچىم بار. ئىشىنىمەنكى، جۇڭگو يۇقۇم ئۈستىدىن ناھايىتى تېز غەلىبە قىلىدۇ ھەم تېخىمۇ قۇدرەت تاپىدۇ. سەئۇدى ئەرەبىستان بىلەن جۇڭگو ئېغىر كۈنلەردە بىللە بولغان دوستلار، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى يۇقىرى سەۋىيەدە تەرەققىي قىلدى. جۇڭگو تەرەپنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش ۋە داۋالاش ئەشيالىرى ياردىمى بىلەن تەمىنلىگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىمەن، بۇنى سەئۇدى ئەرەبىستان خەلقى ئۇنتۇپ قالمايدۇ، باشتىن - ئاخىر جۇڭگو تەرەپ بىلەن قەتئىي بىر سەپتە تۇرىدۇ. سەئۇدى ئەرەبىستان تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىنى ئۆرنەك قىلىپ، سەھىيە، داۋالاش قاتارلىق ساھەلەردىكى ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئىشىنىمەنكى، يۇقۇمغا بىرلىكتە تاقابىل تۇرۇش ئارقىلىق، سەئۇدى ئەرەبىستان - جۇڭگونىڭ دوستلۇق مۇناسىۋىتى تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىدۇ، مۇستەھكەملىنىدۇ. رەئىس ئەپەندىنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستان تەرەپنىڭ 20 دۆلەت گۇرۇھى رەھبەرلىرى ئالاھىدە باشلىقلار يىغىنىنى ئۆتكۈزۈشنى قوللىغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىمەن. سەئۇدى ئەرەبىستان تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن 20 دۆلەت گۇرۇھى رامكىسى ئىچىدىكى ماسلىشىش، ھەمكارلىقنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، دۇنيانىڭ كۆز ئالدىدىكى بۇ كرىزىسنى تېزدىن يېڭىشكە ئورتاق ياردەم بېرىشنى ئۈمىد قىلىدۇ.